ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

# مۇھەببەت قېرىمايدۇ



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

# مۇھەببەت قەھرىمانى

(نەسرلەر)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

爱情不会衰老/安尼瓦尔·阿不都热依木著一乌鲁木齐：新疆人民出版社，2004.12
ISBN7－228－09294－5

Ⅰ.爱 … Ⅱ. ①安… Ⅲ.散文一作品集一中国一当代一维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ. I267

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2004)第 142278 号

责任编辑：买买提吐尔地·米尔孜艾合买提
责任校对：帕丽达·艾力
封面设计：艾克拜尔·萨里

**爱情不会衰老**(维吾尔文)
安尼瓦尔·阿不都热依木 著

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码:830001)
新疆新华书店发行
新疆宏图印务有限责任公司印刷
850×1168 毫米 32 开本 6.875 印张 6 插页
2004 年 12 月第 1 版 2005 年 4 月第 1 次印刷
印数:1 — 3060

ISBN7—228—09294—5 定价：10.00 元

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مەسئۇل كوررېكتورى: پەرىدە ئەلى
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# مۇھەببەت قېرىمايدۇ

ئاپتورى: ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خۇڭتۇ باسما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مم، 1/32؛
باسما تاۋىقى: 6.875؛ قىستۇرما ۋارىقى: 6
2004 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
2005 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3060
ISBN7—228—09294—5
باھاسى: 10.00 يۈەن



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

# مۇھەررىردىن

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم 1943 - يىلى 15 - سېنتەبىردە بورتالادا ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ مەكتەپ تەربىيىسىنى بورتالا، سۇيدۇڭ، ئالتاي، كۆكتوقاي قاتارلىق جايلاردا ئالغان. 1958 - يىلدىن 1961 - يىلغىچە كۆكتوقاي كان تېخنىكومىدا ئوقۇغان. 1961 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە كۆكتوقاي كان رايونىغا تەۋە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە، 1979 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە ئالتاي 3 - كان پەرزەنتلەر مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1982 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە يۆتكىلىپ، «تارىم» ژۇرنىلىدا مۇھەررىر بولغان. بۇ ژۇرنالدا 1982 - يىلدىن 2003 - يىلغىچە مۇھەررىر، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر، مۇۋەققەت باش مۇھەررىر بولغان. 1993 - يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە ئەزا بولغان. ئالىي مۇھەررىرلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ۋە شۇ يىلى دەم ئېلىشقا چىققان.

ئەنۋەر ئابدۇرېھىمنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1958 - يىلى «بالا ئارزۇسى» ناملىق شېئىرى بىلەن باشلانغان. ئاتا - ئانىسىنىڭ سەنئەتخۇمارلىقى، ئۆزىنىڭ كىتابخۇمارلىقى ۋە ئۇزۇن يىل تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىنى تاللىۋېلىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولغان. ئۇنىڭ ھازىرغىچە «ئىجادىيەت ۋە ئىجادىيەتچى»، «ئەدىب، ئەسەر ۋە باھا»، «يازغۇچىلار بىلەن سۆھبەت» قاتارلىق ئوبزورلار توپلىمى ۋە «ۋاپادارىم، مېنى كەچۈرگىن» ناملىق نەسىرلەر توپلىمى نەشر قىلىنغان. 300 پارچىدىن ئارتۇق ئىل-

-مي ماقالىسى ۋە ئەدەبىي ئوبزورى، 250 پارچىگە يېقىن شې-
ئىر، ھېكايە، ئەسلىمە، نەسر، ئەدەبىي ئاخبارات ھەم كىنو
سېنارىيىسى ئېلان قىلىنغان. ئۇ يازغان «چىن سۆيگۈ» ناملىق
ئىككى قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى سۈرەتكە ئېلىنىپ، تاما-
شىبىنلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. ئۇنىڭ يەتتە پارچە ئوبزورى،
بىر پارچە ئەدەبىي ئاخباراتى، ئىككى پارچە نەسرى، بىر پارچە
ناخشا تېكىستى مىنىستىرلىق، ئاپتونوم رايون ھەم شەھە-
ھەر دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «يازغۇچىلار بىلەن سۆھبەت» ناملىق
ئوبزورلار توپلىمى يېقىندا مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر
ئەدەبىياتى (2001 ـ 1999) « تۇلپار مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن.
بىر قىسىم ئەسەرلىرى خەنزۇ، قازاق تىللىرىغا تەرجىمە قىلىن-
غان؛ ئوتتۇرا مەكتەپ، ئالىي مەكتەپ دەرسلىكلىرىگە كىرگۈ-
زۈلگەن. ئۇ 1992 ـ يىلى « تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەرىپىدىن
ئۆيۈشتۈرۈلغان ئوقۇرمەنلەر ئەڭ ياقتۇرىدىغان يازغۇچى،
شائىر، ئوبزورچىلارنى باھالاپ چىقىش پائالىيىتىدە ئەڭ كۆپ
ئاۋازغا ئېرىشكەن ئۈچ ئوبزورچىنىڭ بىرى بولۇشتەك شەرەپكە
ئىگە بولغان.

ئۇ ئۇزۇن يىللىق جاپالىق تەھرىرلىك خىزمىتى جەريانىدا
ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ئارقىلىق ئۇيغۇر تەھرىرلىك سەنئىتى
ساھەسىگە تېگىشلىك تۆھپە قوشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆپ يىللىق
ئەجرى ۋە تۆھپىسى بىلەن 1998 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز
بويىچە مۇنەۋۋەر پەن ـ تېخنىكا خادىمى بولۇپ باھالىنىپ،
مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

بۇ توپلامغا ئۇنىڭ بىر تۈركۈم نەسرلىرى تاللاپ
كىرگۈزۈلدى. بۇ نەسرلەر تېمىتىك مەزمۇنىنىڭ رەڭدارلىقى،
قېلىپ ـ رامكىلاردىن خالىيلىقى، ھېسسىياتىنىڭ چىن ھەم
قويۇقلۇقى، ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، تىلىنىڭ گۈزەللىكى
بىلەن ئوقۇرمەنلەرگە كۈچلۈك ئېستېتىك زوق بېغىشلايدۇ.

# مۇندەرىجە

1 . ئوردىدىكى جەڭ ........................................ 1
2 . ئانا يۈرىكى ........................................ 19
3 . سېغىنىش........................................ 28
4 . خۇنۇك سۈرەتلەر ........................................ 38
5 . دادامنىڭ ئۆتۈكى........................................ 41
6 . ئالتۇن هالقا ........................................ 44
7 . كۆكۋاش ........................................ 47
8 . كەپتەر ........................................ 58
9 . مېنىڭ ئاپام........................................ 60
10 . قار ........................................ 63
11 . تۇرمىدىن كەلگەن سادا ........................................ 65
12 . ياپراق ........................................ 79
13 . ئاھ، بىر جۈپ كۆز ........................................ 80
14 . ئاي ........................................ 91
15 . كۆكتوقاي ........................................ 92
16 . مېنىڭ دادام ........................................ 93
17 . قىزىلگۈل........................................ 106
18 . هۆرۈن........................................ 107
19 . ئۆچمەس ئىزلار، ئۇنتۇلماس كۈنلەر ........................................ 108
20 . تۇغۇت ........................................ 116
21 . ۋەتەن پەرزەنتى ........................................ 117
22 . قەلبىمىكى ئۆسمە ........................................ 119
23 . سەن گويا قۇياش ........................................ 123
24 . يۈرەك ........................................ 124

25. مەڭگۈلۈك ھەمراھىم .......... 125
26. سەن ئىلاھ ئەمەس .......... 126
27. ئۈزۈلمەس كۈي، كۆڭۈللۈك ئەسلىمە .......... 128
28. يېڭىدىن تىزىلغان ئۈنچىلەر .......... 141
29. ۋالاقتەگكۈر بىلەن قاغا .......... 142
30. كۆمۈر .......... 143
31. ۋاقىت ۋە ئالتۇن .......... 144
32. گۈزەللىك .......... 149
33. گۈل قەسىدىسى .......... 152
34. مېنىڭ تۇنجى ئوقۇتقۇچۇم .......... 154
35. چېقىلغان قەدەھ .......... 159
36. ھايات ناخشىسى .......... 160
37. ئانا تاغ ئىلھامى .......... 164
38. مۇھەببەت قۇياشقا ئوخشايدۇ .......... 168
39. بىر سىقىم غورا .......... 171
40. سېھىرلىك پۇراقلار .......... 176
41. سۆيگۈ سىرى .......... 181
42. قۇرۇماس دەريا .......... 187
44. ئازابلىق سۆيگۈ .......... 196
43. ئانىنىڭ قەھرى .......... 207

# ئوردىدىكى جەڭ

تەخت ئۈستىدە ياش پادىشاھ ئولتۇراتتى. ياساۋۇللار ئور-دىغا ئۈستۈنشى قانغا بويالغان بىر يىگىتنى سۆرىگەن پېتى ئېپ-كىرىشتى. ئۇلار يىگىتنى تەختنىڭ ئالدىدا يۇكۇندۇرمەكچى بو-لۇشتى. لېكىن يىگىت تىزلانماي، قارشىلىق كۆرسەتتى.

دەل شۇ چاغدا پادىشاھ ئوڭ قولىنى شىلتىپ:

— سىلەرگە ئىجازەت! چىقىپ كېتىڭلار! ئۇ قانداق تۇر-غۇسى كەلسە، شۇنداق تۇرۇۋەرسۇن، قويۇپ بېرىڭلار! — دې-دى.

ياساۋۇللار ئېگىلگەن پېتى كەينىچە مېڭىشىپ، ئوردىدىن چىقىپ كېتىشتى.

يىگىت تەخت ئالدىدا سوغۇق كۇلۇمسىرەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىشلىرى كىرىشكەن بولۇپ، كۆزلىرى ئوت چېچىپ تۇراتتى.

ئوردا ئەھلى تەئەججۇپ ھەم ۋەھىمە ئىلكىدە بىر - بىرىگە قاراشتى.

ۋەزىرنىڭ بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى. ئۇ بىر گۇناھكارنىڭ سەلتەنەتلىك تەخت ئالدىدا بۇنداق گىدىيىپ تۇرۇشىنى ھۆكۈمە-رانلىققا قىلىنغان تەھدىت دەپ قارايتتى. ئۇ بۇ گۇناھكار مۇشۇ قىلمىشى ئۈچۈنلا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشى شەرت دەپ ھېساب-لىدى. شۇڭا، شاھ ئالدىدا قول باغلاپ تۇرۇپ:

— ئەي، قۇدرەتلىك شاھىم، بۇ پاسىق بەندىنىڭ ئالدىلى-رىدا بويۇن ئەگمەسلىككە نېمە ھەددى؟! ئۇنى مۇشۇ ئېغىر گۇناھى ئۈچۈن، دەرھال ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغايلا! — دېدى.

شاھ ۋەزىرگە ئالىيىپ قاراپ قويدى ۋە تەئەددى بىلەن:

— ئۇنىڭغا مەن ئەركىنلىك بەردىم، كاشىلا قىلما -

سىلا! — دېدى.

ۋەزىر بىردىنلا شۈمشىيىپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يوغان سەللە ئورىغان كاللىسى ئىككى مۈرىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئولتۇرۇشۇپ كەتكەندەك قىلاتتى، لېكىن بۇ قېرى ۋەزىرنىڭ كۆڭلىدە يېڭى ئۆچمەنلىك، يېڭى سۇيىقەست باش كۆتۈرمەكتە ئىدى. تەختتە ئولتۇرغىنىغا ئىككى ئايمۇ بولمىغان ياش پادىشاھنىڭ دادىسىنىمۇ؛ ئوردىدىكى پاك، ھەققانىيەتچى ئەمەلدارلارنىمۇ مۇشۇ قېرى تۈلكە تۇيدۇرماي بىر - بىرلەپ كۆزدىن يوقاتقاندى. پادىشاھ بۇرۇن ۋەزىرنى دادامغا چەكسىز سادىق دەپ قارىغان، لېكىن يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا باشلىغاندى. شۇڭا، ئۇ ئىككى ھەپتىدىن بېرى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان گۇناھكارلارنى ئۆزى سوراق قىلىۋاتاتتى. ئەجەبلىنەرلىكى، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان بۇ بىچارىلەرنىڭ كۆپى گۇناھسىز ئىدى. شۇڭا، ياش پادىشاھنىڭ ئوردا ئەھلىگە، بولۇپمۇ ۋەزىرگە بولغان نارازىلىقى بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. مانا بۈگۈنمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان بىر يىگىت تۇرۇپتۇ. بۇ يىگىتنىڭ مۇدەررىس دادىسى ئوغلىنىڭ ئۈستىدىن چىقىرىلغان ناھەق ھۆكۈم توغرىسىدا شاھقا ئەرز سۇنغانىدى. پادىشاھ بۈگۈن بۇ ھۆكۈمنىڭ توغرا - خاتالىقىنى ئېنىقلاپ، ئوردا ئەھلىگە ساۋاق بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. شۇڭا، ئۇ ئالدى بىلەن ئوردىدىكى ئەڭ خەتەرلىك قېرى تۈلكىنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىدى.

شاھنىڭ ئاغزىدىن «ئەركىنلىك» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان يىگىتنىڭ قەلبىدە ئىللىقلىق پەيدا بولدى. ئۇنىڭ كۆڭلى قارا ۋەزىرنى «كاشىلا قىلمىسىلا» دەپ قېقىۋەتكەنلىكى يىگىتنى ئېخىمۇ خۇشال قىلدى. ئۇنىڭ لەۋلىرىدىكى سوغۇق كۈلكە بىردىنلا يوقالدى. يىگىت تەختتە ئولتۇرغان ياش پادىشاھقا ئۈمىد بىلەن تىكىلدى.



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

شاھ تۇتقۇن يىگىتكە سوئال تاشلىدى:

— ئەي، يىگىت، گۇناھىڭ نېمە؟

— مەن گۇناھسىز. گۇناھقا بوغۇلغانلار ئەتراپىڭىزدا تۇرۇپتۇ، شاھىم.

ئوردا ئىچى لەرزىگە كەلدى. قارا يۈرەكلەر ئوق يېگەندەك جىغىلداپ كەتتى. نەچچە ئون قانخور قول قىلىچ دەستىسىگە سوزۇلدى.

خان ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈردى. ئوردا ئىچى بىردىنلا سۈكۈتكە چۆمدى.

— سەن قايسى گۇناھكارلارنى دەۋاتىسەن، يىگىت؟

— ۋەزىر - ۋۇزرالىرىڭىز، بەگلىرىڭىز خەلققە زۇلۇم سېلىۋاتىدۇ، شاھىم. بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر گۇناھ بولامدۇ؟!

كۆزى قانغا بويالغان ياساۋۇللار بېگى غەزەپتىن جالاقلاپ تىترەپ كەتتى. ئۇ ئەسەبىيلەشكەن ھالدا قىلىچىنىڭ دەستىسىنى چىڭ سىقىمداپ:

— تۆھمەت! بۇ ئاسىي گۇناھكار ئوردا ئىچىدە غەليان كۆتۈرۈۋاتىدۇ! ئۇنىڭ زەھەرلىك تىلىنى ھازىرلا كېسىپ تاشلاش كېرەك! — دەپ ۋارقىرىدى.

پادىشاھ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى:

— مەن ئابايام ۋەزىرگە نېمە دېدىم؟! «كاشىلا قىلمىسىلا» دېمىدىممۇ؟ مەن پادىشاھمۇ ياكى سەنمۇ؟! سەن پادىشاھ بولساڭ، بۇ تەختتە سەن ئولتۇر! بولمىسا تىلىڭنى يىغ!

ياساۋۇللار بېگى شاھنىڭ ئالدىغا يىقىلدى:

— قۇدرەتلىك شاھىم، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە!

يىگىت جان قايغۇسىدا قالغان ياساۋۇللار بېگىنىڭ يادەك ئېگىلگەن قەددىگە نەپرەت بىلەن قادالدى.

— خوش، يىگىت، ھېلى ئوردىدىكىلەر خەلققە زۇلۇم سېلىۋاتىدۇ، دېگەندەك قىلدىڭ. بۇنىڭغا پاكىتىڭ بارمۇ؟

— مېنى يولسىزلىق بىلەن تۇتۇپ، ئۇرۇپ، ئوردىغا زور-
لۇق بىلەن ئېپكەلگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا بۇنىڭ پاكىتى ، شاھىم.

— قېنى، سۆزلە، سېنى كىملەر تۇتقۇن قىلدى؟

— مېنى تۇتقۇن قىلغان بەگ ئالدىڭىزدا تۇرۇپتۇ،
شاھىم.

— ئۇ سېنى نېمە سەۋەبتىن تۇتقۇن قىلدى؟

— ئۇ يېزىمىزغا لەشكەرلەرنى باشلاپ كېلىپ، يارىمنى
تۇتۇپ كەتمەكچى بولدى. مەن قارشىلاشتىم. مۇھەببەت ئەھلى
زورلۇقتىنمۇ، ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدۇ، شاھىم. زۇلۇم بىر گەز
ئۆرلىسە، قارشىلىق مىڭ گەز ئۆرلەيدۇ.

پادىشاھ ئالدىدا لاغىلداپ ياتقان ياساۋۇللار بېگىدىن:

— قېنى سۆزلە، ئۇنىڭ دېگەنلىرى راستمۇ؟ — دەپ
سورىدى.

— ئۇ قىز بەك چىرايلىق ئىكەن. مەن ئۇنى ھەرەمگە
ئېلىپ كىرىپ، سىلىگە تارتۇق قىلماقچىدىم، ئۇلۇغ شاھىم.

— ھەي، مۇناپىق، مەن ساڭا پۇقرالارنىڭ چىرايلىق قىز-
لىرىنى ئوردىغا يىغىۋېلىڭلار دەپ پەرمان چۈشۈرگەنمىدىم؟!

— مەن سىلىنىڭ كۆڭۈللىرىنى خۇشال قىلاي دېۋىدىم،
ئۇلۇغ شاھىم.

پادىشاھ خۇددى توك سوققاندەك ئورنىدىن قاڭقىپ تۇرۇپ
كەتتى. ئۇنىڭ جاۋغايلىرى تىترەپ، كۆزلىرى چەكچەيدى. ئۇ
بەگنىڭ يىرگىنىشلىك ۋۇجۇدىغا غەزەپ بىلەن تۈكۈرۈپ:

— ھۇ، نومۇسسىز ئىپلاس، خەلقنى قاقشىتىش ھېسابىغا
مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئالاي دېگەنمىدىڭ تېخى؟! ئوردىدىن ھازىرلا
يوقال! بۈگۈندىن باشلاپ سېنى كۆزۈممۇ كۆرمىسۇن! — دەپ
ۋارقىرىدى.

بەگ ھۆركىرەپ يىغلاپ، ئۆزىنى كاچاتلىغىلى تۇردى:

— تەڭداشسىز ئۇلۇغ شاھىم، ماڭا رەھىم قىلسىلا!

ئېزىپتىمەن! مەن ئاتىلىرىڭىزمۇ نەچچە ئون يىل قۇل ئورنىدا خىزمەت قىلغان. شۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ، مېنى قوغلىۋەتمىسىلە! ئىشىكلىرىنى ساقلايدىغان سادىق ئىتلىرى بو-لۇپ ئۆتەي!

ياساۋۇللار بەگنى ئوردىدىن خۇددى ئەخلەت خالتىسىنى سۆرىگەندەك ئېپچىقىپ كەتتى.

پادىشاھ يىگىتكە قاراپ كۈلۈمسىرىدى:

— يارايسەن، يىگىت. جىگىرىڭ بولغاچقا، زالىم بەگنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلدىڭ. ئاتا - بوۋىلار «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن، يىگىت. ئۇ گۈزەل قىز ھازىر قەيەردە؟

— مەن ئۇنى يوشۇرۇپ قويدۇم، ئۇلۇغ شاھىم.

— ئەمدى سىلەرگە ھېچكىم چېقىلالمايدۇ، يىگىت.

— ئادالەت ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئەلدە خەلق خاتىرجەم ياشايدۇ، ئۇلۇغ شاھىم. تاج - تەختلىرى ئامان بولغاي.

يىگىت شاھنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ، قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ، بېشىنى ئەگدى.

پادىشاھ يىگىتكە يەنە سوئال تاشلىدى:

— سەن ئاتايام ماڭا نەپرەت بىلەن تىكىلگەنىدىڭ، يىگىت. ئەمدى نېمىشقا باش ئېگىسەن؟

— ھەقىقەتنىڭ كۈچى تەڭداشسىز بولىدۇ، ئۇلۇغ شاھىم. ئادالەتپەرۋەر ھۆكۈمرانلارنىڭ تەختىگە ئوڭايلىقچە خەۋپ يەتمەي-دۇ. قەلبىدە ھەقىقەت نۇرى پارلاپ تۇرىدىغان ھۆكۈمران خەلق-نى جاھالەت ئىلكىدە تۇتمايدۇ، ئۇلۇغ شاھىم. ئوردىغا كىرگە-نىمدە، قەلبىم مۇز ئىدى. سىز ھەقىقەتنىڭ نۇرى بىلەن ئۇنى ئېرىتىۋەتتىڭىز، شۇڭا سىزگە قايىلمەن، ئۇلۇغ شاھىم.

شاھ مەمنۇنلۇق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى:

— ھەق گەپ قىلدىڭ، يىگىت. خەلق ئەركىنلىككە

ئېرىشسە، شاھلىقىنىڭ ھۇلى مۇستەھكەملىنىدۇ. خەلقىنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاشقا ئۇرۇنغان ھۆكۈمرانىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇنغا بارمايدۇ. ئابايام ۋەزىرىنىڭ گېپىگە كىرىپ، سېنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان بولسام، مەنمۇ گۇناھكارغا ئايلىناتتىم، يىگىت.

— شۇنداق، شاھىم. ماڭا ئەركىنلىك بېرىۋېتىڭىز، ھەق - ناھەق بىردەمدىلا ئايدىڭلاشتى. ھەقىقىي گۇناھكار جاجىسىنى يېدى. لېكىن، بىر زالىم بەگنى ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلاش بىلەن ئەلنى ئەمىن تاپقۇزۇش تەس، شاھىم. سىزنىڭ زىممىڭىزدىكى يۈك ئىنتايىن ئېغىر.

ئوردا ئىچى سۈكۈتكە چۆمگەنىدى. يىگىت شاھىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئورۇن ئېلىشقان ۋەزىر، بەگلەرگە سالقىن نەزەر تاشلىدى. باشلىرى ساڭگىلاپ كەتكەن بۇ مەنسەپدارلار شۇ تاپتا خۇددى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان بىر توپ جىنايەتچىگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇلار شاھىنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ، قەھرىگە ئۇچراپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ، قاتتىقراق نەپەس ئېلىشىمۇ جۈرئەت قىلالماي تۇرۇشاتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ خەلققە سالغان زۇلمى، گۇناھى ياساۋۇللار بېگىنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. بەگ ئۇچرىغان پېشكەللىك ئۇلارنىڭ كۆزىگىمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

پادىشاھىنىڭ چېكىسىدە تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى. ئۇ ئېغىر خورسىندى.

دەل شۇ چاغدا ئوردىغا چىرايى ئۆڭۈپ كەتكەن بىر لەشكەر بېشى ئېتىلىپ كىرىپ، شاھقا ياۋ قوشۇنلىرىنىڭ ئوردىغا يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئوردا ئىچى دەۋرەپ كەتتى. شاھىنىڭ چىرايى سۇرلۈك تۈس ئالدى. ئۇ ئاتىسىدىن مىراس قالغان تەۋەررۈك قىلىچىنى قىنىدىن قەھرى بىلەن سۇغۇرۇۋالدى - دە، ئوردا ئەھلىگە كۆز يۈگۈرتتى: ۋەزىر ھەم بەگلەر جان قايغۇسىدا قالغانىدى. ئۇلار بەزگەكتەك تىترىشىپ، ئاللا-

دىن نىجاتلىق تىلىشىپ، ئورددىن قېچىشقا تەمشىلىۋاتاتتى. پادىشاھ يىگىتكە قارىدى: بۇ جەسۇر يىگىتنىڭ كۆزلىرىدە خىسـ-لەتلىك بىر ئوت لاۋۇلدىماقتا ئىدى. پادىشاھ ئۆز يېنىدا تاغدەك يۆلەنچۈك بارلىقىنى ھېس قىلدى. يىگىت شاھنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ماڭا تېز قورال بېرىڭ. سىز بىلەن بىللە جەڭ قىـ-لىپ، ئانا يۇرتنى قوغدايمەن، — دېدى.

شاھ ئۇنىڭغىمۇ قىلىچ بەردى. ئانا دىيارنىڭ پىداكار ئوغـ-لانلىرى چىڭ قۇچاقلاشتى.

ئاڭغىچە ياۋ لەشكەرلىرى ئوردا ئىچىگە بېسىپ كىردى. ۋەزىر ھەم بەگلەر قورال تاشلاپ، تەسلىم بولدى. ئىشغالىيەتچى لەشكەرلەر ئۇلارنىڭ ئىپلاس تەنلىرىنى دەسسەپ ئۆتۈپ، شاھ بىلەن يىگىتنى قورشىۋالدى. شىددەتلىك ئېلىشىش باشلاندى. قېنى قىزىپ كەتكەن شاھ بىلەن يىگىت غالجىرلاشقان ياۋ لەشـ-كەرلىرىنىمۇ، دۈشمەنلەرنىڭ ئايىغىغا يىقىلغان ئاسىي مۇناپىقـ-لارنىمۇ قەھرى بىلەن قىلىچتىن ئۆتكۈزۈۋەردى. ئوردا ئىچى جەسەت بىلەن تولۇپ كەتتى.

بىر زامانلاردا ئوردا ئىچىگە يوشۇرۇن ئورەكلەر كولانغانـ-دى. ئۈستىلىق بىلەن يېپىلغان بۇ ئورەكلەرگە گۇمانـ-لىق ئادەملەرنى تۈيدۈرمايلا چۈشۈرۈۋالغىلى بولاتتى. شاھ بىـ-لەن يىگىت ئامان قالسا، ئۆزىگە ياخشى ئاقىۋەت يوقلۇقىنى بىلگەن نومۇسسىز ۋەزىر ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ سەردارىغا ئوردىـ-نىڭ بۇ مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلاپ قويدى. شۇڭا، شاھ بىلەن يىگىت كۈتۈلمىگەندە دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى.

ئىشغالىيەتچى قوشۇننىڭ ئىككى نەپەر لەشكىرى يۈز - كۆزلىرى، كىيىم - كېچەكلىرى قان بىلەن بويالغان تۇتقۇنلار-نى تاقىر باش كاتتىۋاشنىڭ ئالدىغا ئېپكىردى. ياش كاتتىۋاش قاپقانغا چۈشكەن بۇ ئىككى شىرنىڭ ۋۇجۇدىدا تەڭداشسىز بىر

خىل روھنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. تالاي قانلىق جەڭ- نى باشتىن كەچۈرگەن بۇ ياش كاتتىۋاشنىڭ ئالدىدا باش ئەگمەي تۇرغان قەيسەر ئەزىمەتلەرگە زوقى كەلدى. چۈنكى ئۇمۇ بىر قېتىم ئوردا ئىچىدىكى بىر قانچە مۇناپىقنىڭ ساتقىنلىق قىلىشى بىلەن دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان، دۈشمەنلەر ئۇنىڭ ياش جېنىغا زامىن بولغىلى تاس قالغان، جەسۇر سەبداشلىرى ئۇنى ئۆلۈم ئاغزىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققانىدى. ئۇمۇ دۈشمەن كاتتىۋېشىنىڭ ئالدىدا خۇددى مۇنۇ ئوغلانلاردەك لاغىلدىماي، كۆزلىرىدىن ئوت چېچىپ، تىك تۇرغانىدى. ئۇ شۇ چاغدا ئۆزى- نىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى، ھەقىقەت قورالى ئۆزىنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ ھازىر ئىشغالىيەتچى قوشۇننىڭ سەر- كەردىسى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ئانا يۇرتىنى، ئار - نومۇسىنى، تاج - تەختىنى جانپىدالىق بىلەن قوغدىغان مۇنۇ پىداكار ئەزىمەتلەرنى سوراقلا تارتماقچى بولۇۋاتىدۇ. ھازىر ئۇ- نىڭ قولىدا قان تېمىپ تۇرغان قىلىچ بار، لېكىن ئۇ ھەقىقەتنىڭ قورالىدىن ئايرىلىپ قالغان. چۈنكى، ئۇ بۈگۈن باشقىلارنىڭ زېمىنىدا ھۆكۈمران. ئۆزىنىڭ يانار تاغ ئۈستىدە ئولتۇرغانلىقى- نى ئۇنىڭ كۆڭلى تۇيۇپ تۇرىدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنى ئۇنىڭ ئاتىسى كونا ئۆچمەنلىك تۈپەيلى قوزغىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ تەرەپنىڭ لەشكەر باشلىقلىرى بەكمۇ بىخۇد، قورقۇنچاق، تەدبىرسىز ئىكەن. ئوردا ئىچىنىمۇ ئاسىيلار ئىگىلىۋاپتۇ. شۇ- ڭا، ئۇلار ئوڭايلا غەلىبە قىلدى. لېكىن ئوردا ئىچىدىكى مۇنۇ جەڭدە كىمنى كىم يېڭەر؟!

كاتتىۋاش ئالدى بىلەن يىگىتكە تىكىلدى.

— سېنىڭ ئوردىدا نېمە مەنسىپىڭ بار؟

— مەن دېھقان.

— نېمە؟ دېھقان دەمسەن؟ دېھقان بولساڭ، ئوردا ئىچىگە قانداق كىرىپ قالدىڭ؟



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com